# 21661 - مۇسۇلمان كىشى بەزى سورۇنلاردا دەستۇرخانغا كەلتۈرۈلگەن گۆشنىڭ كېلىش مەنبىيىنى سوراشنىڭ ھۆكمى

## سوئال

مېھمان ساھىبخاندىن دەستۇرخانغا كەلتۈرگەن يېمەك-ئىچمەكنىڭ كېلىش مەنبىيىنى سورىسا توغرا بولامدۇ؟ بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: **«سىلەرنىڭ بىرىڭلارنى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرى مېھمان قىلسا، دەستۇرخانغا ئەكەلگەن يېمەكتىن يىسۇن ئۇنىڭ كېلىش مەنبىيىنى سورىمىسۇن، ئۇسسۇزلۇق ئەكەلسە ئىچسۇن، ئۇنىڭ كېلىش مەنبىيىنى سورىمىسۇن»**دەيدۇ. [بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد 8933- نومۇرلۇق ھەدىستە بايان قىلغان. ئىمام ئەلبانيي رەھىمەھۇللاھ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى 627- ھەدىستە بايان قىلغان].

شەيخ ئەلبانيي مۇنداق دەيدۇ: يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، دىندا چەكلەنگەن ئىشلاردىن ساقلىنىدىغان مۇسۇلمان كىشىنىڭ مال-مۈلكى ھالال دەپ قارىلىدۇ. ئەمما كاپىرلار ئارىسىدا ياشايدىغان كىشىلەر ۋە شۇنىڭدەك ھالال ياكى ھارام بىلەن ھېسابلاشمايدىغان شەكلىك كىشىلەر بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن گۆشلىرى بوغۇزلانغانمۇ ياكى باشقا شەكىلدە ئۆلتۈرۈلگەنمۇ بۇنى سوراش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. [سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمى627 -ھەدىس].